## 8907 ـ شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇرى(ئون بەشىنچى كېچىسى) مەلۇم ئىبادەتلەرگە خاس قىلىنمىغان.

### سۇئال

مەن بىر كىتابتا شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇرى(ئون بەشىنچى كېچىسى)نىڭ كۈندۈزىدە روزا تۇتۇشنى بىدئەتنىڭ قاتارىدىن دەپ ئوقۇدۇم، يەنە بىر بىر كىتابتا شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇرى(ئون بەشىنچى كېچىسى)نىڭ كۈندۈزىدە روزا تۇتۇشنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئوقۇدۇم، بۇ ھەقتىكى كەسكىن ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن ھۆكۈم قايسى، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىلگەن بولسا؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇرى(ئون بەشىنچى كېچىسى)نىڭ پەزىلىتى ھەققىدە سەھىھ ھەدىسلەر ئىسپاتلانمىغان، ھەتتا بۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدىغان دەلىل يوق، بەلكى تابىئىنلارنىڭ بەزىسىدىن ئىسنادى ئۈزۈك بولغان ئەسەرلەر سۆزلەنگەن، بۇ توغرىدا كەلگەن ھەدىسلەر توقۇلما ياكى زەئىپدۇر. دۇنيانىڭ جاھالەت قاپلىغان نۇرغۇن شەھەرلىرىدە، شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇرى(ئون بەشىنچى كېچىسى)دە كىشىلەرنىڭ نام ـ ئەمەل سەھىپىلىرى ئالمىشىپ ئۆمۈرلىرى يېزىلىدۇ....... دېگەندەك مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان رىۋايەتلەر مەشھۇر بولغان. بۇنىڭغا ئوخشاش، كېچىلەرنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈش، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇش ۋە بۇ كۈنلەرگە مەلۇم ئىبادەتلەرنى خاس قىلىۋېلىشنى ئىسلام شەرىئىتى بېكىتمىگەن. بىلىمسىزلىكتىن بۇ ئىشنى قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.
(ئەگەر شۇ كېچىدە يىلنىڭ باشقا كېچىلىرىدە تۇرغاندەك تۇرۇپ ئىلگىرىدىن تارتىپ قىلىۋاتقان ئىبادەتلىرىگە شۇ كېچىدە بىرەر ئىشنى زىيادە قىلماستىن ياكى مەلۇم بىر ئىشنى خاس قىلماستىن ئىبادەت قىلسا بۇنىڭ ھېچ زىيىنى يوق. شۇنىڭدەك شەئبان ئېيىنىڭ ئون بەشىنچى كۈننى ھەر ئايدا روزا تۇتىدىغان كۈن دەپ ئون تۆت ۋە ئون ئۈچىنچى كۈنلەر بىلەن قېتىپ ئۈچ كۈن روزا تۇتسا، ياكى ھەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن بولسا، شەئبان ئېيىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى دۈشەنبە ياكى پەيشەنبە كۈنىگە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا ۋە بۇنىڭ بىلەن ئارتۇقچە پەزىلەت ۋە زىيادە ساۋاپ بولۇشنى ئېتىقاد قىلماستىن بۇ كۈندە روزا تۇتسا بولىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.ـ شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەل مەنەججىدـ).